## 26745 ـ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەلىللەر ، ھەمدە ئۇنىڭ بەندىلىرىنى يارىتىشتىكى ھىكمەت

### سوئال

مىنىڭ بىر غەيرى مۇسۇلمان دوستۇم مەندىن ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمنى ، ھەمدە نىمىشقا ھاياتلىقنى بەرگەنلىكىنى ، ھەمدە ئۇنىڭ كەيىندىكى مەقسەت نىمە دەپ سورىدى . لېكىن جاۋابىم ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمىدى . شۇڭا ئۇنىڭغا نىمە دىيىشىم كېرەكلىكىنى دەپ بەرسەڭلار .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىندىشىم ، سىزنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە چاقىرىش ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەقىقىلىقىنى چۈشەندۈرىشىڭىز بىزنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ . ئاللاھنى بىلىش ساغلام تەبىئەتكە ۋە ساغلام ئەقىلگە ئۇيغۇن . قانچىلىغان كىشىلەر باركى ، ئۇلارغا ھەقىقەت ئايدىڭ بولغاندا ، ئۇلار ئاللاھقا بويسۇنۇشقا ، يەنى دىنغا كىرىشكە ئالدىرىدى . ئەگەردە ھەر بىرىمىز دىنىغا بولغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسا ئىدى ، ناھايىتى كاتتا ياخشىلىقلار ۋۇجۇتقا چىققان بولاتتى . شۇڭا بىز سىزنى، قېرىندىشىمىز نىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغىنى ئۈچۈن تەبرىكلەيمىز ، ھەمدە بىز سىزگە ۋەدە قىلىنغان كاتتا مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز ، پەيغەمبىرىڭىز (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) دىگەندەك : ئەگەر ئاللاھ بىر كىشىنى سىنىڭ قولۇڭدا توغرىغا يىتەكلىگەن بولسا ، بۇ ساڭا قىزىل تۆگىلەردىنمۇ ياخشى بولاتتى . [ بۇخاري(3134) ،مۇسلىم(41872) نەقىل قىلغان . " قىزىل تۆگىلەر" بولسا تۆگىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرى .

ئىككىنچى :

ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىسپاتىغا كەلسەك ، بۇ ئۇنى مۇلاھىزە قىلىدىغان كىشىگە ئىنىق . ھەمدە ئۇزۇن ئىزدىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . بىز بۇنى مۇلاھىزە قىلساق ، ئۇنىڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدىغانلىقىنى بايقايمىز : تۇغما تەبىئەت دەلىللىرى ، ھىسسىي دەلىللەر ، ۋە شەرئىي دەلىللەر .ھەمدە ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىزگە ئايدىڭ بولىدۇ .

بىرىنچى :

تۇغما تەبىئەت دەلىللىرى :

پېشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن:

" تۇغما تەبىئەتنىڭ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللىشى شەيتانلار ئاداشتۇرۇۋەتمىگەن كىشى ئۈچۈن دەلىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلىكى . شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظعسلام دعنعغا يىزلةنضعن،الله نعث تەبىئىتى(ئۇنىڭ دعنعغا )ظةضةشكعنكعم) الله ظعنسانلارنع شذ دعن بعلةن ياراتقان . [ رۇم(رىم) : 30]

ئادەمنىڭ ساغلام تەبىئىتى ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ ، ھەمدە شەيتانلار ئۇنى ئازدۇرۇۋەتمىسىلا ، ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتەلمەيدۇ . كىمكى شەيتانلار تەرىپىدىن ئازدۇرۇلىدىكەن ، بۇ دەلىلنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ . "

[ شەرھ سەفارىينە دىن ئېلىندى . ]

ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ بىر پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ئىچىدە ھېس قىلىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭغا مۇھتاج ھېس قىلىدۇ . ئەگەر بىرەر چوڭ ئاپەت ئۇنىڭغا چۈشسە ، ئۇ ئىككى قولىنى ، ئىككى كۆزىنى ۋە قەلبىنى پەرۋەردىگارىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ ئاسمانغا قارىتىدۇ .

ھىسسىي دەلىللەر :

بۇ كائىناتتا مەۋجۇت نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ . بىز ئەتراپىمىزدا مەۋجۇت نەرسىلەرنى كۆرىمىز ، مەسىلەن ، دەرەخلەر ، تاشلار ، ئىنسانلار ، يەرشارى ، ئاسمانلار ، دېڭىزلار ، دەريالار . . .

ئەگەر بۇ شەيئىلەر شۇنداق كۆپ ، كىم ئۇلارنى ياراتتى ھەمدە ئۇلاردىن خەۋەر ئالىدۇ ؟ دەپ سورالسا :

جاۋاپ بولسا ئەگەر بۇ شەيئىلەر تاسادىپىي ، ئۆزلۈكىدىن ۋە ھېچقانداق سەۋەپسىز بارلىققا كەلگەن بولسا ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقىنى بىلىدىغان ھېچكىم يوق ، ھەمدە ئۇ بىر ئېھتىماللىق . بىراق يەنە بىر ئېھتىماللىق بار ، ئۇ بولسىمۇ بۇ شەيئىلەر ئۆزلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھەمدە ئىشلىرىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدۇ . ھەمدە يەنە ئۈچۈنچى بىر ئېھتىماللىق بار ،ئۇ بولسا ئۇلارنى ياراتقان بىرسى بار . بىز بۇ ئۈچ ئېھتىماللىققا قارىساق، بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقايمىز . ئەگەر بىز بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسىنى رەت قىلساق ، ئۇنداقتا جەزمەن ئۈچىنچىسى توغرا ، يەنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ئۇلارنى ياراتقان بىر ياراتقۇچىسى بار ، ھەمدە ئۇ ياراتقۇچى بولسا ئاللاھ . بۇ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان . ئاللاھ مۇنداق دىگەن :

ياكع ظذلار ياراتقذحعسعز يارعتعلغانمذ؟ ياكع ظذلار ظأزلعرع ياراتقذحعمذ؟[35] ياكع ظذلار ظاسمانلارنع ۋة زئمعننع ياراتقانمذ؟ بةلكع ظذلار (اللةنعث بعرلعكعضة) ظعشةنمةيدذ . [ تۇر (تاغ) : 35–36 ]

ئاندىن بۇ كاتتا مەخلۇقاتلار قاچاندىن بېرى مەۋجۇت ؟ بۇ يىللار مابەينىدە ، كىم ئۇلارنىڭ بۇدۇنيادا ساقلىنىپ قېلىشىنى پۈتنۇەتتى ھەمدە ئۇلارغا تۇرۇپ قېلىشنىڭ يوللىرى بىلەن تەمىنلىدى ؟

جاۋاپ : ئۇ بولسا ئاللاھ ، ئۇ ھەر بىر شەيئىگە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسىنى بەردى . چىرايلىق يىشىل ئۈسۈملۈكلەرگە قارىمامسىز ؟ ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشىنى ئۈزۈۋەتسە ، ئۇلار ياشىيالامدۇ ؟ ياق ، بەلكى ئۇلار قۇرۇق پاخال بولۇپ قالىدۇ . ئەگەر سىز بارلىق شەيئىلەرنى مۇلاھىزە قىلسىڭىز ، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا تايىنىدىغانلىقىنى بايقايسىز . ئاللاھ بولمىغان بولسا ھېچنەرسە قالمىغان بولاتتى .

ھەمدە ئاللاھ ھەربىر نەرسىنى ئۆزىگە ناس كېلىدىغان نەرسىنى قىلىشقا ياراتتى . شۇڭا تۆگىلەر مەسىلەن ، مىنىشكە . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ظذلار بعلمةمدذكع، ظذلار ظعحىن هايۋانلارنع (قذدرةت) قولعمعز بعلةن خةلق ظةتتذق، ظذلار هايۋانلارنع باشقذرذص تذرغذحعلاردذر[71] . هايۋانلارنع ظذلارغا بويسذنذذرذص بةردذق، ظذلار ظذ هايۋانلارنعث بةزعسعنع معنعدذ، بةزعسعنع يةيدذ . [ ياسىين : 71–72 ]

تۆگىگە قاراڭ ، ئاللاھ ئۇنى بىر كۈچلۈك دۈمبە بىلەن قانچىلىك كۈچلۈك ياراتقان ، شۇڭا ئۇنى مىنىشكە ئىشلەتكىلى بولىدۇ

ھەمدە ئۇ باشقا ھايۋانلار بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان قىيىن شارائىتلارغا بەرداشلىق بىرەلەيدۇ .

ئەگەر سىز باشقا ھايۋانلارغا قارىسىڭىز ، ئۇلارنىڭ يارىتىلىش مەقسىتىگە ئۇيغۇن يارىتىلغانلىقىنى بايقايسىز . ئاللاھ بارلىق نۇقساندىن پاك !!

ھىسسىي دەلىلەرنىڭ مىساللىرى توۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

كىشىلەرگە چۈشكەن بالايى-ئاپەتلەر ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، مەسىلەن : ئۇلار ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ ؛ بۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ . پىشىۋا ئىبنۇ ئۇسەيمىين مۇنداق دىگەن : " پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) يامغۇر ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا ، ئۇ مۇنداق دىگەن : ئاللاھۇممە ئەغىسنا ، ئاللاھۇممە ئەغىسنا ( ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغىن ، ئى ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغىن ) ئاندىن بىر بۇلۇت كەلگەن ، ھەمدە ئۇ مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپ يامغۇر يىغىشقا باشلىغان . بۇ ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ . " [ شەرھ سەفارىنىييە]

3- شەرئىي دەلىلەر :

بارلىق ئىلاھى قانۇنلار ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ، ھەمدە ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ ، دانالىقىنىڭ ، ۋە رەھىم-شەپقىتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى ، بۇ قانۇنلار جەزمەن بىرسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كىرەك ، ھەمدە ئۇ قانۇن بەلگىلىگۈچى بولسا ئاللاھ . " [ شەرھ سەفارىنىييە دىن ئىلىندى . ]

ئاللاھ بىزنى نىمە ئۈچۈن ياراتتى ؟ دىگەن سۇئالىڭىزغا كەلسەك ، جاۋاپ : ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىمىز ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىز ۋە ئۇنى ياد ئىتىشىمىز ، ھەمدە ئۇ بىزگە بۇيرىغاننى قىلىشىمىز ئۈچۈن ياراتتى . مەلۇمكى ، ئىنسانلار ئارىسىدا كاپىرلارمۇ بار ، مۇسۇلمانلارمۇ بار . سەۋەبى ، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلامدۇ ياكى باشقا بىرىگىمۇ دەپ سىنىماقچى . ئۇ بولسا ئاللاھ ھەر بىرەيلەنگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كىيىن بولىدۇ . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ئۇ سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئىش-ئەمەلدە ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈم ۋە ھاياتنى ياراتتى . [ مۇلك(پادىشالىق ) : 2 ]

جعنلارنع، ظعنسانلارنع صةقةت ماثا ظعبادةت قعلعش ظبحىنلا ياراتتعم

[ زارىيات( سورىغۇچى شاماللار ) : 56 ]

ئاللاھتىن بىزنى ۋە سىزنى ئۇ ياقتۇرىدىغان ۋە خىئۇرسەن بولىدىغاننى قىلىشقا قادىر قىلسۇن ، ھەمدە ئۇنىڭ دىنى ئۈچۈن تىنىمۇ كۆپ دەۋەت ۋە خىزمەتلەرنى قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلسۇن . ھەمدە پەيغەمبەرنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .

پىشىۋا مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد